مەركەزداش چەمبەر ياخشى سىزىلدى ئىتتىپاقلىق گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك رايون بەرپا قىلدى، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، كەڭ دائىرىدە ئالاقىلىشىپ، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇپ، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇپ، مەركەزداش چەمبەرنى ياخشى سىزدى، ئىتتىپاقلىق گۈللىرىنى پورەكلىتىپ ئېچىلدۇردى.

جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى

«ئۇششاق قەدەم ئېلىش، بەلنى چوڭ تولغاش، ئىككى ئادەم قايچىلىشىش، يېرىم زوڭزىيىش شەكلىدە كەينىگە يۆتكىلىپ مېڭىش...» 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئالغا بازىرى دۆلەت ئورتاق تىلى باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى دەرس ئارىلىقىدىكى گىمناستىكىدا، يەتتە ياشلىق مۇخسىنە قۇربان رىتىمغا ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىدە 100 دىن ئارتۇق بالا ئۇياقتىن - بۇياققا سەكرەپ، جۇشقۇنلۇق ھەم شوخلۇق بىلەن بېلىدىكى كىچىك دۇمباقنى چېلىۋاتاتتى.

جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىكى مۇقەررەر تاللاش، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەسىلە. پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ھەرقايسى مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى تەشۋىقات - تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى شىنجاڭنىڭ كادىرلار تەربىيەسى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىگە كىرگۈزدى.

«بىز ھەممىمىز جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى» مۇخسىنەنىڭ سۆزلىرى تاتلىق شۇنداقلا قەتئىي ئىدى. بۇ مەكتەپتە، نۇرغۇن ئوقۇغۇچى مۇخسىنەگە ئوخشاش بەل دۇمباق چېلىشنى بىلىپلا قالماي، يەنە چۇنلىيەن يېزىش، قەغەز قىيما قىيىش، گۇجېڭ چېلىشنى بىلىدۇ... جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تارقىتىش بۇ مەكتەپنىڭ ئىدىيەسى بولۇپ، تەدرىجىي تەسىر كۆرسىتىپ تەربىيەلەپ، بالىلارنى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى چىن كۆڭلىدىن قىزغىن سۆيىدىغان قىلىپ، ئۇلۇغ ۋەتەننى قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىشنى ئىلگىرى سۈردى.

18 يىلدىن بۇيان، ئالغا بازىرى دۆلەت ئورتاق تىلى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى قۇربان نىياز ئەسلىي مەقسىتىنى ئۆزگەرتمەي، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى كېڭەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى بالىلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئۇنىڭغا ئىسلاھات ئاۋانگارتى دەپ نام بېرىپ، ئۇنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچى» دەپ ئاتىدى.

ناخشا پىلاستىنكىسى، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، ئىزناك... ئاقسۇ شەھىرىنىڭ لەڭگەر كوچىسى چاۋياڭ مەھەللىسىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بازىسىدا، 2000غا يېقىن «قىزىل ئەسلىمە» كۆرگەزمىگە قويۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ يېرىمى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

«ھازىر كۈنلىرىمىز ياخشىلاندى، ئېگىلىك تىكلىسە سىياسەت بار، مەكتەپتە ئوقۇسا ياردەم پۇلى بار، كېسەل كۆرسەتسە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بار، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت پۇقرالار ئۈچۈن ئىنچىكە ئويلاشتى، ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاق، ئېجىل - ئىناق ئۆتۈۋاتىمىز، خۇشال - خۇرام ياشاۋاتىمىز. بىز نەپنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، نەپنىڭ كىمگە يەتكۈزۈلگەنلىكىنى چۈشىنىپ، چىن كۆڭلىمىزدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىمىز، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشىمىز كېرەك». 62 ياشلىق مەھەللە ئاھالىسى ئەركىن قادىر دائىم بۇ يەرگە كېلىپ كونا بۇيۇملارنى كۆرۈپ، قىزىل كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ياد ئېتىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتىدىغان، چوڭقۇر يۇغۇرۇلىدىغان، ھېچكىم ھېچكىمدىن ئايرىلالمايدىغان ئىناق مىللەتلەر مۇناسىۋىتى شىنجاڭ تۇپرىقىدىكى ئەڭ گۈزەل مەنزىرىگە ئايلاندى.

ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش ئارقىلىق بەخت يۈگمە رەسىمى سىزىپ چىقىلدى

3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ كادىرلىرى كەلپىن ناھىيەسىنىڭ يۇرچى يېزىسى ئارا ئايماق كەنتىگە كېلىپ تۇغقانلىرىنى يوقلىدى. ھەر مىللەت كادىرلار ئېتىز - ئېرىق باشلىرىدا، دېھقانلارنىڭ ھويلا - ئارانلىرىدا چوڭقۇر چۆكۈپ، قوشماقلاشقان تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش، يېزا - كەنتلەرنىڭ مۇھىتىنى تۈزەشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا ياخشى چارە - تەدبىرلەرنى كۆرسەتتى، تەرەققىيات ئۈستىدە پاراڭلاشتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى رىشتىسى توغرىسىدا ئورتاق سۆزلىشىپ، تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلەش كۈيىنى ئورتاق يازدى. «مېنىڭ ياخشى تۇغقىنىم، ئەتىيازلىق تېرىلغۇدا سىزنىڭ ياردىمىڭىز بولغاچقا مەن بەك خاتىرجەم بولدۇم» دېدى كەنت ئاھالىسى ئاسىيەم ئىمىن خۇشال ھالدا تۇغقىنىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

ماناس ناھىيەسىنىڭ ماناس بازىرى نەنچېڭ مەھەللىسىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق 13 مىللەتتىن بولغان ئاھالە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ھەر مىللەت ئاما ئېجىل - ئىناق ئۆتىدىغان، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتىدىغان مەنزىرىنى ھەممىلا جايدا كۆرگىلى بولىدۇ: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى، قىزىقارلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، «100 ئائىلىلىك زىياپەت»كە بىللە قاتنىشىدۇ...

«ھەر قېتىم چاغان - بايرام ئۆتكۈزگەندە، بىز خۇشال - خۇرام بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىللە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايمىز، كەيپىيات ناھايىتى ئىللىق ھەم قىزغىن بولىدۇ» دېدى مەھەللە ئاھالىسى مەلىكىزات نىياز.

بۇنىڭغا ئوخشاش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش ھېكايىلىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ھەر كۈنى بارلىققا كېلىپ تۇرىدۇ.

بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىش ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش باش تېمىسىنى باشتىن - ئاخىر مەھكەم ئىگىلەپ، 2016 - يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، مىليونلىغان كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر مىللەت ئاما بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇپ، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاممىغا ياردەم بېرىپ، ئاما بېجىرىلىشىنى ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان، ئەڭ جىددىي بېجىرىشكە تېگىشلىك، ھازىر بېجىرگىلى بولىدىغان ئىشلارنى ھەل قىلىپ بەردى، «كەنتتە تۇرۇش»تىن «ئائىلىلەردە تۇرۇش»قىچە، يەنە «قەلبكە ئورناش»قىچە بولغان ئۆزگىرىشلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاما بىلەن چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت ئورناتتى؛ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەممە جايدا تۇغقىنى بار بولدى، ناھىيەدە تۇغقىنى بار، شەھەردە تۇغقىنى بار، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەردە تۇغقىنى بار، پايتەخت بېيجىڭدىمۇ تۇغقىنى بار بولدى.

ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىن سەككىز ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئوبلاست(شەھەر)» بەرپا قىلدى؛ 69 ئورۇنغا «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك رايون(ئورۇن)» دەپ نام بېرىلدى.

كېمىنىڭ كۈچى يەلكەندە، ئادەمنىڭ كۈچى قەلبتە. بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى ھەر دائىم پورەكلەپ ئېچىلدى

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا، كېرىيە ناھىيەسىدىكى دېھقان قۇربان تۇلۇم قەددىنى رۇسلاپ ئازادلىققا ئېرىشكەندىكى مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم «ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بېرىپ ماۋ جۇشىنى يوقلاش»نى ئويلىغان، كېيىن ماۋ جۇشىنىڭ ئىككى قېتىم قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن، كىشىلەر سەممىي ھالدا ئۇنى «قۇربان تاغا» دەپ ئاتىغانىدى.

2017 - يىلى 1 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ قۇربان تاغىنىڭ ئەۋلادلىرىغا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، ئۇلارنى قۇربان تاغىغا ئوخشاش يۇرتداشلار بىلەن بىللە، پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيۈشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقى ئىزچىل قۇربان تاغىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قەلبىگە ئورنىدى، شۇنداقلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبىگە ئورنىدى.

ئۈرۈمچى شىسەن سولياۋ زاۋۇتىدىن داپۇگۇۋ مەھەللىسىگىچە بولغان شەھەر ئەتراپى ئاممىۋى قاتناش لىنىيەسىدە، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەيدىغان ئاممىۋى قاتناش شوپۇرى گۇ شياڭفېڭ ئاممىۋى قاتناش لىنىيەسىنى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبىنى تۇتاشتۇرىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى لىنىيەسىگە ئايلاندۇردى؛ بېكىتۇەننىڭ ئايال خىزمەتچىسى يوۋ لياڭپېڭ بىلەن گوما ناھىيەسىدىكى دېھقان مەممەتتۇرۇپ مۇساق خىزمەتتە، تۇرمۇشتا چوڭقۇر ئاچا - ئىنىلىك مېھرى ئورنىتىپ، قول تۇتۇشۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلدى؛ لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ شىڭپىڭ بازىرى داشى كەنتىدە، ھەر مىللەت كەنت ئاھالىلىرى «بىر نان تاپسا تەڭ يېدى»، بىرلىكتە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، بىرلىكتە ئېگىلىك تىكلەپ بېيىپ، قان - تەرى بىلەن ئەسلىدىكى قاقاس شورلۇق يەردە پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق باي كەنت قۇردى...

ۋۇ دېڭيۈن، ھەنپە ئالماخۇن، جۇاڭ شىخۇا... بۇ ئىسىملارغا ئالاقىدار ھەربىر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىسى تاغ - دەريالارنى تەسىرلەندۈرۈپ، كىشىلەر قەلبىنى ئىللىتىپ، ھەربىر شىنجاڭلىقنىڭ قەلبىدىكى مەنىۋى كوردىناتقا ئايلاندى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىمىزنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيمىز. بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلار «ئىتتىپاقلىق» دېگەن سۆزنى ئىدىيەسىگە سىڭدۈرۈپ، ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ھەر دائىم پورەكلىتىپ ئېچىلدۇردى.

«ئىلىم لۆكچەكى جېڭ گوئېن»نىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى ۋە پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋاللار» توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېچىلدى

ئانار بولۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لى شىڭ خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، «ئىلىم لۆكچەكى جېڭ گوئېن»نىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى ۋە پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋاللار» توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

يىغىندا، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، دىپلوماتىيە شۆيۈەنى، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، شىنجاڭ داشۆدىن كەلگەن يەتتە مۇتەخەسسىس ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلىپ، «ئىلىم لۆكچەكى جېڭ گوئېن» ئويدۇرۇپ چىقارغان شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى دوكلاتقا كۈچلۈك رەددىيە ۋە قايتۇرما زەربە بەردى. مۇتەخەسسىسلەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە كۈچلۈك تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر تەتقىقاتى ئېغىر ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي تۈردە زىممىمىزگە ئېلىپ، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشىمىز.

دىپلوماتىيە شۆيۈەنى خەلقئارا مۇناسىۋەت تەتقىقات ئورنىنىڭ پروفېسسورى لى خەيدۇڭ «ئەسەبىيزمچى ۋە سۇيىقەستچى جېڭ گوئېننىڭ ئىپلاس سىياسىي سۇيىقەستى مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ» دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، جېڭ گوئېن ئىرقچى ۋە چېكىدىن ئاشقان ئوڭ قانات، سۇيىقەستچى ۋە پۇرسەتپەرەس بولۇپ، ھەقىقىي ئىلىم ئەھلى ئەمەس، دەپ كۆرسەتتى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى جۇڭگو چېگرا رايون تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى ۋاڭ يۈ مۇنداق دېدى: جېڭ گوئېن جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ سىياسىي قورچىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى كۈچلىرى بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، قىلچە ئىلمىي جۇغلانما توپلىمىغان ئەھۋالدا، بىر قاتار قول ئۇچىدا ئىشلەنگەن تەتقىقات دوكلاتلىرىنى قۇراشتۇرۇپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، قۇرۇق گەپ سېتىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئاساسسىزلا «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» دەپ پەرەز قىلىپ، ئۆزىنىڭ گۇناھ ئارتقۇسى كەلسە ئاساسسىز ئارتقۇ بېرىدىغان ئۆكتەملىكى، يولسىزلىقىنى ئاشكارىلىدى، بۇ، ئىلىم قائىدىسى ۋە كەسپىي ئەخلاققا زىت، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ.

شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، قانۇن پەنلىرى دوكتورى ۋاڭ جىن مۇنداق قارىدى: جېڭ گوئېننىڭ جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە تاقابىل تۇرۇشتا، تاراتقۇ ۋە ئاممىۋى پىكىر كۈرىشى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزىگە رەددىيە بېرىش كېرەك بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ ئاچقۇچلۇق بولغىنى شۇكى، ئىدېئولوگىيە ۋە خەلقئارا سۆز سىستېمىسىدىكى كۈرەش داۋامىدا دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادا «شىنجاڭغا ئالاقىدار» قارالملارنى تەسىس قىلىش ئىقتىدارىنى تېزدىن ئۆستۈرۈش كېرەك. شىنجاڭ داشۆسىنىڭ پروفېسسورى زۇلھايات ئىسمايىل جېڭ گوئېننىڭ «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» دېگەن يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ مۇنداق قارىدى: ئۇنىڭ بىمەنە ھۆكۈمى ئاساسلىقى تەپ تارتماستىن سانلىق مەلۇماتلارنى قالايمىقان ئىشلىتىش، ماتېرىياللارنى بۇرمىلاش، دېلو مەسىلىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش، ئۇ يەر - بۇ يەردىن ئۇزۇۋېلىپ نەقىل كەلتۈرۈش قاتارلىق ۋاستىلار ئارقىلىق ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، مەيلى جېڭ گوئېن ئېقىمدىكىلەر قانداق پىتنە - ئىغۋا تارقاتسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا شىنجاڭنىڭ ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش جەھەتتە كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىنى ۋە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. شىنجاڭ داشۆ قانۇن شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەركىن سامساق كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمى ۋە ئەھمىيىتىنى چۆرىدەپ، جېڭ گوئېننىڭ شىنجاڭنىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە قىلغان ھۇجۇمىغا ۋە قارا چاپلىشىغا كۈچلۈك رەددىيە بەردى.

(بېشى 1 - بەتتە)

كەسپلەر بويىچە تۈرگە ئايرىشتىن قارىغاندا: سۇچىلىق تۈرى 46 بولۇپ، ئاساسلىقى سۇ ساقلاش، سۇ يۆتكەش، سۇ تېجەش قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ قاتناش تۈرى 92 بولۇپ، ئاساسلىقى تۆمۈريول، تاشيول قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئېنېرگىيە تۈرى 69 بولۇپ، ئاساسلىقى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى، ئېلېكتىر تورى، نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ كەسپ تۈرى 50 بولۇپ، ئاساسلىقى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەر، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، نېفىت خىمىيە - خىمىيە سانائىتى، سانائەت ياسىمىچىلىقى، ئىقتىساد - سودا، ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ خەلق تۇرمۇشى تۈرى 93 بولۇپ، ئاساسلىقى پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، ساياھەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتتە قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، بۇ يىل ئاپتونوم رايون داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ چىڭ تۇتۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تۈرلەرنىڭ ھەممىسدە 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن بۇرۇن ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قۇرۇلۇش قىلىش، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بارلىق تۈرلەرنىڭ ھەممىسدە 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن بۇرۇن ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قۇرۇلۇش قىلىشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۈرلەردە قەرەلىدە ئىش باشلاپ قۇرۇلۇش قىلىشنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان 90%تىن ئارتۇق تۈرلەردە 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئىش باشلاپ قۇرۇلۇش قىلىش، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ھەممىسدە ئىش باشلاپ قۇرۇلۇش قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، زاپاس تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرى پۇختا ئالغا سىلجىتىلىپ، ئىش باشلانغان تۈرلەرنىڭ ئايلىنىش نىسبىتى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ. 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە، داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 54.8% بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 35 نۇقتىلىق تۈرنىڭ ھەممىسدە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان 18 تۈردە ئىش باشلاپ قۇرۇلۇش قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەردە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، نۇقتىلىق تۈر مۇھىم ئامىللىرى كاپالىتىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشى ئىشلەپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈپ، نۇقتىلىق ۋەزىپە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ كۆزلەپ، تۈر قۇرۇلۇشلىرىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، نۇقتىلىق تۈرلەردە يۇقىرى سۈپەتلىك قۇرۇلۇش قىلىپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، يالغان - ياۋىداق سۆز ئۆز - ئۆزىدىن بىتچىت بولىدۇ

□تۇرپان شەھەرلىك دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئۆمەر ھوشۇر

پومپېئو، جېڭ گوئېن جۇڭگو شىنجاڭغا ئەسەبىيلەرچە ھۇجۇم قىلىپ، بوھتان چاپلاپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا قەستەن قارا چاپلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر ئازار بەردى. ئۇلار ئويدۇرۇپ چىقارغان تۈرلۈك يالغان - ياۋىداق سۆزلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو خەلقىگە قىلىنغان ئىنتايىن زور ھاقارەت بولۇپلا قالماستىن، يەنە دۇنيا خەلقى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا قىلىنغان ئىنتايىن زور ھاقارەت، تېخىمۇ مۇھىمى ئەخلاق - ھەققانىيلىق ۋە ئاساسىي ۋىجدانغا قىلىنغان ئاسىيلىق ۋە خىرىستۇر.

شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشى توغرۇلۇق ھەرقانداق كىشىنىڭ يامان غەرەزدە ئويدۇرمىچىلىق قىلىشىغا، ئاساسسىز ئويدۇرمىچىلىق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، بۇنىڭغا شىنجاڭ خەلقى باھا بېرىشى، ھۆكۈم قىلىشى كېرەك، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلغانلىقىدەك پاكىتقا ئاساسلىنىپ باھا بېرىش، ھۆكۈم قىلىش كېرەك. مەن تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىددىقۇت رايونى يار بازىرىدىكى بىر ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىمدىنلا دادام ماڭا سەممىي بالا بولۇش، دۆلەتكە، خەلققە يارامىلىق ئادەم بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى، قوللىشىدا، مەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئوڭۇشلۇق ھالدا داشۆگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، مەن ياشلىق باھارىم ۋە ئىسسىق قېنىمنى ۋەتىنىم ۋە خەلقىمگە بېغىشلىدىم، مەن خىزمەت ئورنۇمنى قىزغىن سۆيىمەن، پارتىيەنى قىزغىن سۆيىمەن، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىمەن. تۇرپاندىن ئىبارەت بۇ تۇپراقتا كۆپ مىللەت ياشايدۇ، كۆپچىلىك كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولغان، ئاساسىي قاتلامدىن قەدەممۇقەدەم ئۆسۈپ يېتىلگەن كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كىچىكىمدىن تارتىپ چوڭ بولغۇچە، مەكتەپتە ئوقۇشتىن خىزمەت قىلىشقىچە باشتىن - ئاخىر مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىدە ياشاپ كەلدىم، ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئۇزاق مۇددەت خىزمەت قىلىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش داۋامىدا ئۇرۇق - تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، سەممىي مۇئامىلە قىلىشىپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلماي، ئۆزئارا سىڭىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت، دوستلۇق ئورناتتى. بىز شىنجاڭدىكى تارىخىي زور ئۆزگىرىشلەرگە ئورتاق گۇۋاھ بولدۇق، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىنى ھېس قىلدۇق.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، يالغان - ياۋىداق سۆز ئۆز - ئۆزىدىن بىتچىت بولىدۇ. پومپېئو، جېڭ گوئېن تارقاتقان يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ۋە زەھەر جەزمەن ئۇلار بىلەن بىللە تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭگيۈەن شىمالىي يولى 500 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن